يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ياخشى باشلامچى بولۇپ، ھەربىر ئىشنى ياخشى قىلىش

—— مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى پۇربۇ توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋىن

«مەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، پەقەت ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىلا قىلدىم، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا بۇنداق ئالىي شان ـ شەرەپنى بېرىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن.» 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئەمدىلا بېيجىڭدىن مۇكاپات ئېلىپ قايتىپ كەلگەن پۇربۇ يەنە خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى، «ئالغان مۇكاپات قانچە ئالىي بولسا، زىممىدىكى يۈك شۇنچە ئېغىر بولىدۇ، داۋاملىق ياخشى ئىشلەيمەن!» دېدى پۇربۇ.

بۇ يىل 52 ياشقا كىرگەن پۇربۇ ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ ئاڭگىلىگ بازىرى توسخورتو كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى ئويلايدىغان ھېسسىياتىنى شەرھلىدى.

**كەنت ئاھالىلىرىنىڭ باش قېتىنچىلىقىنى ھەل قىلىش**

2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشلاپ، پۇربۇ جان ـ دىلى بىلەن كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئىشنى ياخشى قىلىشقا ئىرادە باغلىدى.

توسخورتو كەنتى چارۋىچىلىق كەنتى بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى يەر تېرىشنى ئانچە بىلمەيتتى، ئەينى ۋاقىتتا، كەنتتىكى يەرنىڭ ھەممىسى ھەر موسىنى 40 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە باھادا ئوبوروت قىلىۋېتىلگەنىدى.

«ئەگەر يەر ھۆددىگەرلىك ھەققىنى ئۆستۈرگىلى بولسا، بۇمۇ خېلى كۆپ كىرىم بولاتتى.» ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە، پۇربۇ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ، 3500 مودىن ئارتۇق ھۆددە يېرىنى قايتۇرۇۋالدى ھەم ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش شەكلى بىلەن ھەر مو يەرنى 710 يۈەن باھادا ئوبوروت قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

«بۇ يىل يەر ئوبوروتتىن ئىبارەت بۇ بىر تۈردىلا 6000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدىم، ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولدى، نامرات ئائىلە دېگەن قالپىقىممۇ ئېلىۋېتىلدى، بۇنىڭ ھەممىسى پۇربۇ شۇجىنىڭ ياردىمىدىن بولدى» دېدى كەنت ئاھالىسى سېرىپدورجى مىننەتدارلىق بىلەن.

يەر توغرىسىدىكى ئىشلار، قوشنىلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ھويلا ـ ئارانلارنى تۈزەشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار... پۇربۇ كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئائىلىلەرنى ئارىلاپ، ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىپ بەردى. «ئاممىنىڭ ئىشى ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ يەنىلا چوڭ ئىش، ئۇنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈشىمىز كېرەك، بىز مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە، يەنە كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇردۇق» دېدى پۇربۇ.

**«نەسلى ياخشىلانغان كالا»نى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى بېقىش**

پۇربۇ مۇنداق قارىدى: كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئۇلارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

چارۋىچىلىق توسخورتو كەنتىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى، لېكىن يەرلىك كالىنىڭ سۈت مىقدارى ۋە گۆش مىقدارى يۇقىرى بولمىغاچقا، كەنت ئاھالىلىرى يىل بويى جاپالىق ئىشلىسىمۇ ھېچقانچە پۇل تاپالمايتتى. «كەنتىمىزنىڭ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەۋزەللىكى بار، تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، جەزمەن يەرلىك كالا نەسلىنى ياخشىلىشىمىز كېرەك، ياخشى نەسىل بولمىسا، ئۈنۈمنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ» دېدى پۇربۇ.

2017 ـ يىلى پۇربۇ مەخسۇس ئىلىغا بېرىپ تەكشۈرۈش، ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولدى ھەم بەش تۇياق قوڭۇر كالا سېتىۋېلىپ، باشلامچىلىق بىلەن نەسىللىك كالا توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسىدا نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللاندى. پۇربۇ يەنە ئۆزىنىڭ قوڭۇر كالىسىنى كەنت ئاھالىلىرىگە ھەقسىز ئارىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەسىللىك كالا توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسىدا نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىشىغا ياردەم بەردى.

كەنت ئاھالىسى جا جامبا نەسلىنى ياخشىلاشنىڭ پايدىسىنى كۆردى. «ئىلگىرى يەرلىك كالىنىڭ موزىيىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا 4000 يۈەنگە ساتقىلى بولاتتى. ھازىر، نەسلى ياخشىلانغاندىن كېيىن تۇغۇلغان موزايىنى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى ساتقىلى بولىدۇ، مەن پۇربۇ شۇجىغا ئەگىشىپ باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىمەن» دېدى جا جامبا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

بۈگۈنكى كۈندە، توسخورتو كەنتىدە جەمئىي 3000دىن ئارتۇق كالا، 12 مىڭ قوي، 1000 ئات بېقىلىۋاتىدۇ، پۇربۇ يەنە باشلامچىلىق بىلەن باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى بېيىش يولىغا يېتەكلەشنى ئۈمىد قىلدى.

**پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاممىغا ياردەم بېرىش**

كەنت ئاھالىلىرى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، پۇربۇ ھەمىشە بىرىنچى بولۇپ ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بەردى.

2018 ـ يىلى، كەنت ئاھالىسى ئېركىبېن ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، قىممەت داۋالىنىش خىراجىتى ئەسلىدىنلا نامرات ئائىلىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. پۇربۇ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، كۆپ قېتىم كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ بېرىپ ھال سوراپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ داۋالىنىش خىراجىتىنى غەملەپ بەردى ھەم ئېركىبېن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىلمىي باقمىچىلىق قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

«پۇربۇ شۇجىنىڭ ياردىمىدە، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، سالامەتلىكىممۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشىلاندى.» ئېركىبېن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «پۇربۇ شۇجىغا ئۇچراشقىنىم تەلىيىم».

پۇربۇنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرى تىلغا ئېلىنسا، توسخورتو كەنتىدىكى ھەربىر كەنت ئاھالىسى ئۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىشلىرىدىن بىرنەچچىنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. پۇربۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەشكىلنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى قاتارلىق ناملارغا ئېرىشتى.

«بۇناملار ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا شان ـ شەرەپ بولۇپلا قالماي، يەنە مەسئۇلىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ، مەن بۇ ئارقىلىق ئۆزۈمگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كەنتنىڭ ياخشى باشلامچىسى بولۇپ، توسخورتو كەنتىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىمەن» دېدى پۇربۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاندىن پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ھەر مىللەت ئاممىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ، ئامما بىلەن قەلبداش بولۇپ، پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ئارقىلىق ھەممە ئائىلىنى ئىللىتىش كېرەك. كەنت دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسىنىڭ سەپلىنىشى ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇلازىمەت كۈچى ئاجىز بولۇشتەك بۇ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، مەسىلىنى تېز ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە خىزمەت ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەتنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئازادە قىلدى.

چىگىش، مۇرەككەپ ئىشلاردىن قورقماسلىق ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەشتە، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئاممىنىڭ غېمىنى يەپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا ئىشلەپ، ياخشى ئىشنى پۇختا قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلغاندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«دەۋر ئۆزگەردى، لېكىن ئامما ئارىسىدىن كېلىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىشتەك خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.» خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ يۆنىلىشى قىلىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارنى خىزمەتنىڭ تۇتقىسى قىلىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن خىزمەتنى ئاممىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى:** xjrbplb@126.com)

---

# ئىللىقلىققا تولغان ئاپتوبۇس

—— مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى گۇ شياۋفېڭ توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋېي خۇڭپېڭ

ئەتىگەن سائەت 5تە ئورنىدىن تۇرۇپ، سائەت 5تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە قاتناش ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، سائەت 7دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە بىرىنچى قېتىملىق ئاپتوبۇسنى ھەيدەپ يولغا چىقىش... نۆۋەتچى بولسىلا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش جىنباۋ ئاپتوبۇس چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇس شوپۇرى گۇ شياۋفېڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى دەل ۋاقتىدا ھەيدەپ ئۈرۈمچى يوللىرىدا قاتنايدۇ، مەيلى قەھرىتان سوغۇق ياكى تومۇز ئىسسىق بولسۇن، ئەزەلدىن ئىشقا كەلمەي قالمايدۇ.

«ئاممىۋى ئاپتوبۇس ھەيدەۋاتقىنىمغا 30 يىل بولدى، ھەر كۈنى ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى ھەيدەپ شەھەرنىڭ كوچا ـ يوللىرىدا موكىدەك قاتناپ، تونۇش يولۇچىلارنىڭ چىقىپ ـ چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرىمەن، ئەتىگەندە ئۇلارنى مەكتەپكە، خىزمەتكە ئاپىرىمەن، كەچتە ئۆيلىرىگە تىنچ ـ ئامان ئاپىرىپ قويىمەن، ئۆزۈمنىڭ خىزمىتىمنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئەمدىلا شەرەپ بىلەن «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» نامىغا ئېرىشكەن گۇ شياۋفېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

**قىزغىن مۇھەببىتى ئەزەلدىن ئۆزگەرمىدى**

ئۈرۈمچى شىسەن سولياۋ زاۋۇتىدىن داپۇگۇ مەھەللىسىگىچە بولغان 70 ـ يول ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسىنىڭ قوشۇمچە لىنىيەسىدە گۇ شياۋفېڭ توپتوغرا ئون يىل قاتنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ چىڭ تۇرۇۋاتقان شەھەر ئەتراپىدىكى بۇ ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسى 3.6 كىلومېتىردىن 6.7 كىلومېتىرغا ئۇزارتىلدى، بىر ئادەم بىر ئاپتوبۇس ھەيدەشتىن ئىككى ئادەم ئىككى ئاپتوبۇس ھەيدەشكە ئۆزگەردى، ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسىنىڭ نامى 2005 ـ يولغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ شاگىرتى ياسىنجان ئىمىن بىلەن بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، تونۇش يول، تونۇش ئاھالىلەر، تونۇش چىرايلار، گۇ شياۋفېڭ شاگىرتلىرىنى باشلاپ بۇ يولدا چىڭ تۇرۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە.

سايباغ رايونى خۇەنۋېي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى داپۇگۇ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى مېھرىگۈل مۇنداق دېدى: «داپۇگۇ مەھەللىسىدە تۇرۇۋاتقىنىمغا 14 يىل بولدى، ھەركۈنى لاۋگۇ ھەيدەۋاتقان ئاپتوبۇسقا چىقىمەن، ئاشۇ بىر نەچچە يىلدا، لاۋگۇ بىزگە ياردەملىشىپ سۇ توشۇپ بەردى.» داپۇگۇ مەھەللىسى شىسەنگە جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى تاغدا ئەسلىھەلەر تولۇق بولمىغاچقا، سۇ ئىشلىتىش بىرقەدەر قىيىن ئىدى، گۇ شياۋفېڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇس بىلەن ئاھالىلەرگە ئۇدا بەش يىل سۇ يەتكۈزۈپ بەردى.

گۇ شياۋفېڭ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت ۋاقتىنى ئاممىۋى ئاپتوبۇستا ئۆتكۈزىدۇ، بىر كۈنلۈك يۈرۈش مۇساپىسى 216 كىلومېتىر كېلىدۇ، بىر يىلدا 70 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يۈرىدىغان بولۇپ، بۇ يەر شارىنى ئىككى قېتىم ئايلانغانغا باراۋەر، لېكىن ئاپتوبۇس ھەيدەيدىغان لىنىيەدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرى، ئىش ئورنىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ئەزەلدىن ئۆزگەرمىدى.

**مۇلازىمەت ھەققىي مۇھەببەت ئېلىپ كەلدى**

ئاممىۋى ئاپتوبۇس داپۇگۇ مەھەللىسى، ئۇتلاق پونكىتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى بېكەتتە كىرگەندە گۇ شياۋفېڭ ئۇزاقراق توختايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇتلاق پونكىتى بېكىتىدە ھەركۈنى يەتتە ـ سەككىز بالىنىڭ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. «ھاۋا سوغۇق، بالىلار بىر نۆۋەتچى ئاپتوبۇستىن قېپقالسا ناھايىتى ئۇزاق ساقلاپ قالىدۇ، شۇڭا مەن ئۇزاقراق ساقلايمەن، يولدا تېزراق مېڭىپ، ۋاقتىدا ئولگۇرۇۋالىمەن» دېدى گۇ شياۋفېڭ.

يولۇچى ھەمدۇللا ياسىن مۇنداق دېدى: «گۇ ئاكا ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، داپۇگۇ مەھەللىسىدە سۇ يوق ئىدى، ئۇ بىزگە سۇ يەتكۈزۈپ بەردى؛ بالام مەكتەپكە كىرگەندە، ئۇ بىزگە ياردەملىشىپ بالىمىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشىگىچە غەمخورلۇق قىلدى. ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، بالىلارمۇ چوڭ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ يولۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى ئازراقمۇ ئۆزگەرمىدى. ئۇ ھەيدىگەن ئاپتوبۇستا ئولتۇرساق، ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلىمىز».

يول بويى ئاھالىلەر قىيىن ئىشقا ئۇچرىسا، گۇ شياۋفېڭ ھەممىسىگە ياردەم قىلىدۇ. داپۇگۇ مەھەللىسىدىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى گۇ شياۋفېڭنى ئۈلگە قىلدى. جىنباۋ ئاپتوبۇس شىركىتى ھەم ھەر دەرىجىلىك تەشكىلنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدە، داپۇگۇ مەھەللىسىدىكى ياش ئاھالىلەردىن ياسىنجان ئىمىن، رېھىم مەنسۇر قاتارلىق سەككىز كىشى گۇ شياۋفېڭنىڭ شاگىرتى بولدى.

ياسىنجان گۇ شياۋفېڭنىڭ ئەڭ مەمنۇن بولىدىغان شاگىرتى، ئۇ گۇ شياۋفېڭنى «دادا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. «دادام بۇ قېتىم شەرەپ بىلەن ‹مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى› بولدى، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلەندىم. مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش تىرىشىپ ئىشلەپ، مۇنەۋۋەر ئاممىۋى ئاپتوبۇس شوپۇرى بولىمەن» دېدى ياسىنجان.

**ئەجىر يەردە قالمايدۇ**

كىچىكىدىن تارتىپلا، گۇ شياۋفېڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇس شوپۇرى بولۇشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتى. ئاممىۋى ئاپتوبۇس شوپۇرى بولغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن جەزمەن ھەسسىلەپ تىرىشىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى جاپادىن قورقماي، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش بولدى. قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە، تىرىشىپ خىزمەت قىلغان گۇ شياۋفېڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك شەخس» «مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كارخانىنى قىزغىن سۆيىدىغان مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

«بۇ مېنىڭ تۆتىنچى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ مۇكاپات ئېلىشىم.» 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، گۇ شياۋفېڭ ئىپتىخارلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭ: بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ، دېگەن. مەن شەرەپ بىلەن ‹مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى› نامىغا ئېرىشىپ، بۇ سۆزنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، شاگىرتلىرىم بىلەن بىللە تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش يارىتىمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)